السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىمكى بىراۋنىڭ ئايالىنى بۇزۇپ ياكى قۇلىنى ئالداپ ئۆزىگە قارىتىۋالسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس

ئەبۇ ھۈرەيرەرە زىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنىڭ ئايالىنى بۇزۇپ ياكى قۇلىنى ئالداپ ئۆزىگە قارىتىۋالسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

كىمكى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن بىر ئايال بىلەن ئېرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىدىكەن، ئايالنىڭ يېنىدا يولدىشىنىڭ ئەسكىلىكى، ئەخلاقىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئايالغا يولدىشىنى ئۆچ قىلسا، ئۇ ئايال يولدىشىغا ئىتائەت قىلماي تالاق تەلەپ قىلىش ياكى خۇلئى يولى ئارقىلىق يولدىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىكەن، ياكى بىر كىشىنىڭ قۇلىنى بۇزۇپ، قۇل بىلەن بىرگە پىلان تۈزۈپ ئۇنى خوجايىنىغا بويسۇنمايدىغان ۋە ناچار مۇئامىلە قىلىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، ئۇلار بىزنىڭ يولىمىز ۋە پرىنسىپىمىزدا ئەمەس بەلكى ئۇلار شەيتاننىڭ قىلىقىنى قىلغۇچىلاردۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8884

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee